**ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتى- گۇۋاھلىق سۆزى**

**UTFW2-067 – سۇدىنىسا ئابدۇلېتىپ**

(https://www.youtube.com/watch?v=5uHK5DN3ZsM)

1. مېنىڭ ئىسمىم سۇدىنىسا ئابدۇلېتىپ ، خوتەن شەھىرىنىڭ تۇساللا يېزىسىدىكى جالالباغ رايونىدىن. ئۆي نومۇرى 309. يولدىشىمنىڭ ئىسمى ئوسمان ئەھمەد توختى. ئۇ بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دىن ئۆگەنگەندە دېھقانچىلىق قىلغان ، ئەمما كېيىن سودا قىلغان. 2014-يىلى ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۈچ ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ توختىماي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان ۋە ئۆز مەھەللىسىدە ھېچ ئارام بېرىلمىگەچكە سەئۇدى ئەرەبىستانغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر يىل تۇرغان. خوتەندە پاسپورت تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىنغاندا ، مەن ئىلتىماس قىلىپ بىرنى ئالدىم.

2. 2016-يىلى 3-ئايدا مەن ساياھەتچى سۈپىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ئېرىمنى يوقلىدىم. يولدىشىم بىر يىل ئىلگىرى 2015-يىلى 3- ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن مەن 2016-يىلى 3-ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان ۋاقىتتا بەش بالىمىز خوتەن شەھىرىدە قالدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن ، بىز بىر نەچچە قېتىم ئۆيگە قايتىشقا ئۇرۇندۇق ، ئەمما مۇمكىن بولمىدى. بىزنىڭ كېسەل ئاتا-ئانىمىز ۋە بىگۇناھ بالىلىرىمىز ئارقىدا قالدى ، قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى كۆرۈشنىڭ خەتىرى بەك چوڭ ئىدى. 2016-يىلى 10- ئايدا مېنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بالام پاسپورت ئالغاندىن كېيىن تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلدى ، بىزمۇ 2016-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى تۈركىيەگە كەلدۇق.

3. بىر ئايدىن كېيىن مەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتىپ كەلدىم ، ئەمما يولدىشىم تۈركىيەدە قالدى. ئۇ تۈركىيەدە ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلىشىۋاتاتتى. شۇڭا ، بىز تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يۈردۇق. ئاخىرقى قېتىم سەئۇدى ئەرەبىستاندىن تۈركىيەگە بارغىنىم 2018-يىلى 1-ئاي ئىدى. بىز كىرىكلارئەلى شەھىرىدە چارۋىچىلىق پۇرستى ئىزدىگەن بولساقمۇ ، يولدىشىم بۇ ئىشتا بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئۇ يەنە دائىملىق تۇرۇش رۇخستى قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان ئىدى. ئۇ 2018-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ، 2018-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى قايتىدىغان بولۇپ يولغا چىققان ۋە 2018-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى تۇيۇقسىز سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. بىز ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئۆتۈندۇق ، ئەمما ئۇ قويۇپ بېرىلمىدى. كېيىن بىز ئۇنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۇق ۋە

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىمىز ئۈزۈلدى. بىز ئۇنىڭ قانداق تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە نەدىلىكى توغرىسىدا بىزدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

4. يولدىشىم ئىلگىرى مەھەللىمىزنىڭ دىنىي رەھبىرى ۋە ئۆلىماسى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن ۋە يېتەكلىگەن ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياكى مېيىپلارغا ياردەم قىلغان. ئۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان ئادەم ئىدى. 2016-يىلى 2-ئايدا ، ئۇنىڭ 15 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان 25 نەپەر ئوقۇغۇچىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ ، مېنىڭ قېيىنئاچامنىڭ باللىرىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەن نارەسىدە باللىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغانلا ئىش بولسا ، باشقا نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆيگە قايتىشنى ئويلىغان ئىدىم ، ئەمما 25 بالىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قايتىپ كەتمەسلىكنى قارار قىلدىم.  ئەمما ئىككى سەبىي بالام ئۈچۈن بەك يىغلىدىم ، بۇ ئىنتايىن ئازابلىق بىر ئىش ئىدى ، شۇ ۋەجىدىن مەن ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم.

5. 2017-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن باشلاپ ، باللىرىم مەرھابا ئوسمان ، ئابدۇللا ئوسمان ، شەھىدە ئوسمان بىلەن بولغان ئالاقىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن ئۇلارنى كۆرەلمەيتتىم ۋە ياكى بىرەر ئۇچۇر ئاڭلىيالمايتتىم ، ئۇلارغا ئانىلىق مۇھەببىتىمنى بېرەلمەيتتىم ، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتىم. نۇرغۇن تەتىللەر باللىرىمنىڭ نەدىلىكىنى ، تاماق يېگەن-يېمىگەنلىكىنى ، قانداقراق تۇرىۋاتقانلىقىنى ئويلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى ، مۇشۇنداق چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە يۈرگەن كۈنلىرىمدە يولدىشىممۇ تۇتۇپ كېتىلدى. قايغۇلار ئۈستى- ئۈستىلەپ كەلدى. يولدىشىم جۇڭگوغا قايتۇرۇلغاندىن بۇيان ، ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ ، ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى. باشقا ئائىلە ئەزالىرىمغا كەلسەك ، 24 ياشلىق قىزىم مەرھابا ئوسمان توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر يوق ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمەن ، ئۇنىڭ يولدىشى باشقا 25 بالا بىلەن بىللە تۇتۇپ كېتىلگەن. قىزىم يالغۇز ، ئۇنىڭ قېيناتا-قېينانىسىمۇ يوق. ئۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەيمەن. 12 ياشقا كىرگەن بالام ئابدۇللا ئوسمان ئاتا- ئانىسىنىڭ سۆيگۈسىگە ئەڭ موھتاج چاغلار ئىدى ، ئەمما بىز يېنىدا يوق. بىز ئۇلارنى تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىشكە تىرىشتۇق. 2018-يىلى 3- ئاينىڭ 8- كۈنى ئون ئانا بىرلىكتە  تۈركىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، تۇغقانلىرىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ياردەم قىلىشنى سورىغان بولساقمۇ ، ھازىرغىچە ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىدۇق.

6. مەن باللىرىمدىن تولا ئەنسىرەپ ، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايمەن. باللىرىمنى ھېچ بولمىغاندا چۈشۈمدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدىم ، ئەمما ئۇمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئاتا-ئانام قېرىپ كەتتى. مەن ئۇلارغا قىزىق چايمۇ سۇنالمىدىم. قېينئانام بىز تۈركىيەدىكى چېغىمىزدا ئالەمدىن ئۆتتى. يولدىشىم ياكى مەن ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمغا بارالمىدۇق.

7. بىز ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىدۇق ، بىز گۇناھسىز. بىز ئەزەلدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلىپ باقمىدۇق. بىز ئۇلارنىڭ قانۇنىغا بويسۇندۇق ، ئەمما ئاخىرىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىز ئائىلىنى ئايرىپ ، بىزنى چىدىغۇسىز قايغۇغا سالدى. ئائىلەمدىكىلەر - دادامنىڭ ئىسمى ئابدۇلېتىپ تۇرسۇن نىياز ، 65 ياشلىق ئاق كۆڭۈل دىندار دېھقان. ئاپامنىڭ ئىسمى نۇرنىسا ۋەلى ، 60 ياشلىق ئائىلە ئايالى ، دېھقان ۋە چارۋىچى. ئاچامنىڭ ئىسمى زۇپتۇمنىسا ئابدۇلېتىپ ، 45 ياشلىق دېھقان ۋە چارۋىچى. ئۇكامنىڭ ئىسمى ئابدۇلئەزىز ئابدۇلېتىپ ، دېھقان. كىچىك سىڭلىمنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ھاۋانىسا ئابدۇلېتىپ ، 37 ياشلىق دېھقان ئايال. بىرى گۈھەرنىسا ئابدۇلېتىپ ، دېھقان. بىرى خەيرنىسا ئابدۇلېتىپ ، دېھقان. يەنە بىرى زورىگۈل ئابدۇلېتىپ ، ئۇمۇ دېھقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقان بولۇپ ، يەر تېرىيدۇ. ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم 2016-يىلى 3-ئاي بولۇپ ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئالاقىمىز ئۈزۈلگەن. يولدىشىمنىڭ تۇغقانلىرى ياكى مېنىڭ تۇغقانلىرىم بولسۇن ، ۋە ياكى نارەسىدە باللىرىم ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ، تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكى ھەققىدە بىزدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. بىز ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولدۇق.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىشىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**